## 45200 ـ كاپىرلارنى دوراشىنىڭ ھۆكمى، «مۇسۇلمان ياخشى دەپ قارىغان نەرسە ئاللاھنىڭ نەزىرىدىمۇ ياخشى .» دىگەن ئىبارىنىڭ مەنىسى

### سۇئال

كاپىرلارنى ئۇلارنىڭ ئادەتلىرى ۋە مۇئامىلىلىرىدە دوراشىنىڭ ئىسلامدىكى ھۆكمى نىمە ؟ ئىسلام شەرئىتىدە ئۇ ھەقتە قانداق كۆرسەتمىلەر بار ؟ كاپىرلارنىڭ ئىش-ھەركەتلىرىنى دوراشىنىڭ ھەرقانىدىقى دوراشىنىڭ ھارام تۈرى دەپ قارىلامدۇ ؟ مەلۇمكى كاپىرلار قىلىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار ، ئۇلار ھارام ئەمەس ھەمدە شەرئەت ئەيىپلىمەيدۇ ، ئۇ ئىشلارنى قىلغۇچى نوقۇل كاپىرلارنى دورىغانلىقتىن قىلمايدۇ ، بەلكى ئۇ بۇ ئىشلارنى ياخشى دەپ قارىغاچقا قىلىدۇ ، ئىبنۇ مەسئۇد ئىيتقاندەك : مۇسۇلمانلار ياخشى غەپ قارىغان نەرسە ئاللاھنىڭ نەزىرىدىمۇ ياخشىدۇر . بىزگە نەسىھەت قىلىڭلار ، ئاللاھ سىلەرنى شان-شەرەپلىك قىلسۇن ، ماڭا تەپسىلي جاۋاپ بەرسەڭلار ھەمدە بۇ ھەقتىكى كۆرسەتمىلەرنى چۈشەندۈرۈپ قويساڭلار .

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

بىرىنچى :

مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى ئىشلاردا ، ئىبادەتلەردە ھەرقانداق باشقا مىللەتلەرنى دوراشنىڭ ھاجىتى يوق ، چۈنكى ئاللاھ دىننى مۇكەممەل قىلىپ بولدى ، نىئمىتىنى تاماملىدى ، ھەمدە ئىسلامنى دىنىمىز بولۇشقا تاللىدى ، ئۇ ئېيتقاندەك :

[ بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم ] داستىخان 5 : 3 ]

ئىسلام مۇسۇلمانلارنى ، كاپىرلارنى بولۇپمۇ يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارنى دوراشتىن چەكلەيدۇ ، لىكىن بۇ چەكلەش ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا قارىتىلغان بولماستىن ، بەلكى ئۇلارنىڭ دىنى ۋە ئۇلارنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىنى دوراشقا قارىتىلغان .

ئەبۇ سەئىيد خۇدرىيدىن نەقىل قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) مۇنداق دىگەن : سىلەر ئىلگىركى كىشىلەرنىڭ يوللىرىغا غېرىچمۇ-غېرىچ ، گەزمۇ-گەز ئەگىشىسىلەر، ھەتتا ئەگەردە ئۇلار ياتمىچۇقنىڭ ئۇۋىسىغا كىرگەن بولسا سىلەرمۇ ئۇنىڭغا كىرىسىلەر . بىز : ئى ئاللاھ ئەلچىسى ، يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارغىمۇ؟ دىدۇق ، ئۇ : كىم ئەمىسە؟ ، دىدى . (بۇخارىي (1397)، مۇسلىم(4822) نەقىل قىلغان )

بۇ ھەدىس شۇنى كۆرسىتىدۇكى ، يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارنى دوراش ھارام ، ھەمدە ئۇلارغا ئەگەشكۈچىلەر ۋە ئۇلارغا ئوخشاش يول ماڭغۇچىلار ئەيىپلىنىدۇ ، ئىسلام كاپىرلارنى دورىغۇچىلارنى ئۇلارغا ئوخشاش دەپ سۈپەتلەش ئارقىلىق بۇ

چەكلىمنى كۆچەيتتى .

ئابدۇللاھ بىن ئۆمەردىن نەقىل قىلىنىدىكى ، پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) مۇنداق دىگەن : كىمكى بىر خەلقنى دورايدىكەن ، ئۇ ئۇلارنىڭ بىرىدۇر . (ئەبۇ داۋۇت نەقىل قىلغان ،3512 . ئەلبانىي[ إرواء الغليل] دە توغرا ھەدىيس دەپ تۈرگە ئايرىغان .

ئىسلام پىشىۋاسى ئىبنۇ تەيمىييە(ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھىم_شەپقەت قىلسۇن) مۇنداق دىگەن :

گەرچە ئۇنىڭ ئاشكارا مەنىسى ئۇلارنى دورىغۇچى كاپىر بولىسمۇ ، بۇ ئاز دىگەندىمۇ ئۇلارنى دوراشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدۇ .

[ اقتضاء الصراط المستقيم، 237 ] .

كاپىرلارنى دورىغۇچى ئۆزىنى تۆۋەن ، كەمتۈك ھىس قىلىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىدىكى بۇ نۇقسانلىق تۇيغۇسىنى ئۇ ماختايدىغان كىشىلەرنى دوراش ئارقىلىق تولدۇرۇشقا ئالدىرايدۇ . ئەگەر بۇ كىشىلەر ئىسلام شەرئىتىنىڭ بۈيۈكلىكىنى پىكىر قىلسا ، ئۇلار كەيىندىن يۈگرەۋاتقان ئۇ مەدەنىيەتنىڭ قانچىلىك چىرىكلىكىنى چۈشەنسە ، ئۇلار ئۆزىنىڭ خاتا قىلىۋاتقانلىقىنى ھەمدە كەمتۈك ۋە چىرىك بىرنەرسە ئۈچۈن مۇكەممەل ۋە ھەقىقى بىر نەرسىنى تاشلىۋەتكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولاتتى .

ئىككىنچى :

بىزگە چەكلەنگەن دوراشنىڭ تۈرلىرى كۆپ .

پىشىۋا سالىھ فەۋزان مۇنداق دىدى :

كاپىرلار دورىلىدىغان ئىشلار ئىبادەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، مەسىلەن ، شىرىككە ياتىدىغان ئىشلاردا ئۇلارنى دوراش ، مەسىلەن ، قەبرىلەرنىڭ ئۈستىگە(قۇرۇلۇش)سېلىش ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئىبادەتگاھلارنى سېلىش ۋە ئۇلار ھەققىدە ئاشۇرۇۋىتىش . پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) مۇنداق دىگەن : ئاللاھنىڭ لەنىتى يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارغا بولسۇن ، چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى ئىبادەتگاھ قىلىۋالدى . (بۇخارىي(425)، مۇسلىم(531) نەقىل قىلغان . ھەمدە ئۇ بىزگە مۇنداق دەپ بەردى : ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئادەم ئۆلسە ، ئۇلار ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە ئىبادەتگاھ سالاتتى ، ھەمدە ئۇنىڭغا رەسىملەرنى ئورۇنلاشتۇراتتى ، ھەمدە ئۇلار ئەڭ رەزىل كىشىلەردۇر . ( بۇخارىي(417) ، مۇسلىم(528) .)بۇگۈنكى كۈنلەردە قەبرىلەر ھەققىدە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋىتىش چوڭ شىرىكنىڭ مىسالىلىرىدۇر ، بۇ ئالىملار ۋە ئادەتتىكى كىشىلەرگىمۇ ناھايىتى تونۇش . بۇنىڭ سەۋەبى – يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارنى دوراش .

يەنە بىر مىسال بولسا ئۇلارنىڭ شىرىك ۋە بىدئەت بايراملارنى دورىشى ، مەسىلەن ، تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلەش ، مەيلى پەيغەنبەرنىڭ(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) تۇغۇلغان كۈنى بولسۇن ، ياكى پىرىزدىنت ۋە پادىشدھلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولسۇن .ياكى بۇ بىدئەت ۋە شىرىك بايراملار كۈنلەر ياكى ھەپتىلەر بىلەن ئاتالسۇن ، مەسىلەن ، دۆلەت بايرىمى كۈنى ياكى مۇستەقىللىق كۈنى ، ياكى ئانىلار بايرىمى كۈنى ، ياكى سەھىيە ھەپتىلىكى ۋە باشقا تەبرىكلىنىدىغان كۈن ۋە ھەپتىلەر . بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارغا كاپىرلار تەرىپىدىن كەلگەن ، چۈنكى ئىسلامدا پەقەت ئىككىلا بايرام بار : روزا ھىيت ۋە قۇربان ھىيت. بۇنىڭدىن باشقىسى بىدئەت ۋە كاپىرلارنى دوراش .

[ كاپىرلارغا زىت بولۇش] نامىلىق نۇتۇقتىن .

47060–سۇئالنىڭ جاۋابىدا بىز، كاپىرلارنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان كىيىم–كېچەكلىرىدە ، ۋە شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ خاس ئادىتىگە ئايلانغان ساقالنى چۈشۈرۈشتە ئۇلارنى دوراشنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى بايان قىلىپ بولدۇق .

ئۈچۈنچى :

كاپىرلارنى دوراش توغرىسىدىكى چەكلىمە ئۇلارنىڭ ئىبادەت ئىشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ۋە ۋە پەرىقلىنىدىغان ئادەت–يۇسۇنلارغا قارىتىلغان بولۇپ ، بىز مەنپەئەتلىنىدىغان ئۇلار قىلغان ۋە ياراتقان نەرسىلەر ئەمەس . ئەگەر مۇسۇلمانلار ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولسا ئۇلارغا گۇناھ يوق ، بەلكى مۇسۇلمانلار ئۇنداق ئىشلاردا ئالدىدا بولۇشى كېرەك .

پېشىۋا ئىبنۇ ئۇسەيمىين مۇنداق دېگەن :

كاپىرلارنى دوراش سۆزىگە كەلسەك ، ئۇ ئۇلار ياسىغان ھەرقانداق نەرسىنى ئىشلەتمەسلىكىمىز كېرەك دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرمايدۇ . ھېچكىمنىڭ ئۇنداق نەرسىنى دېگىنى يوق . پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) دەۋرىدە ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە كىشىلەر كاپىرلار ئىشلىگەن كىيىملەرنى ئىشلەتكەن ھەمدە ئۇلار ياسىغان قاچا–قۇچىلارنى ئىشلەتكەن .

كاپىرلارنى دوراش دېگەنلىك ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان كىيىم –كېچەك ۋە زىننەتلەرنى دوراشتۇر . ئۇ ئۇلار مىنگەن نەرسىگە مىنمەسلىك ياكى ئۇلار كېيگەن نەرسىنى كىيمەسلىك دېگەنلىك ئەمەس . بىراق ئۇلار ئۆزىگە خاس مۇئەييەن سۈپەتتە مىنسە ، ئۇنداقتا بىز ئۇ سۈپەتتە مىنمەسلىكىمىز لازىم . ئەگەر ئۇلار كىيىملىرىنى ئۆزىگە خاس بولغان مەلۇم پاسوندا تىكسە بىز ئۇنىڭغا ئوخشاش قىلماسلىقىمىز لازىم . لېكىن بىزنىڭ ئۇلارنىڭكىگە ئوخشاش ماشىنىمىز بولسا ، ھەمدە ئۇلارنىڭكىگە ئوخشاش توقۇلما بۇيۇمىمىز بولسا ، ئۇنىڭدا ھېچنىمە بولمايدۇ .

پېشىۋا ئىبنۇ ئۇسەيمىيننىڭ پەتىۋالار توپلىمى ،12، 177– سۇئال .

ھەمدە ئۇ مۇنداق دېگەن :

دوراشنىڭ ئىنىقلىمىسى بولسا ، دورىغۇچى ئۇدوراۋاتقانلارغا خاس بولغان بىر نەرسىنى دورىغان بولسا ئەنە ئۇ دورىغىچىدۇر . كاپىرلارنى دوراش بىر مۇسۇلماننىڭ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى بولغان نەرسىنى دوراشنى كۆرسىتىدۇ .

مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ئاللىقاچان كەڭ تارقالغان، كاپىرلار ئۇنىڭ بىلەن ئانچە پەرىقلەنمەيدىغان نەرسىگە كەلسەك ، ئۇنداقتا بۇ كاپىرلارنى دوراش ئەمەس ، ھەمدە ئۇنىڭ بىر دوراش بولۇشى بىلەن ، ئۇ ھارام ئەمەس ، لېكىن ئۇ باشقا سەۋەپلەر بىلەن ھارامدۇر . بىزنىڭ دېگەنلىرىمىزبولسا[ دوراش ] سۆزىنىڭ مەنىسى كۆرسەتكەن نەرسىدۇر .

پېشىۋا ئىبنۇ ئۇسەيمىيننىڭ پەتىۋالار توپلىمى ، 12 ، 198– سۇئال .

21694–سۇئالنىڭ جاۋابىدا كاپىرلارنى دوراشنىڭ ھۆكمى ھەققىدە تەپسىلى مۇزاكىرەلەرنى تاپالايسىز . تېخىمۇ كۆپ تەپسىلات ئۈچۈن 43160 – سۇئالغا قاراڭ .

تۆتىنچى :

غەيرى ئىسلام مەدەنىيىتىدە ھەم پايدىلىق ھەم زىيانلىق نەرسىلەر بار . بىز ياخشى نەرسىلەرگە سەل قارىماسلىقىمىز ، زىيانلىق نەرسىلەرنى قوبۇل قىلماسلىقىمىز كېرەك .

بۇ پوزىتسىيەنى پېشىۋا شەنقىيتى( ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم-شەپقەت قىلسۇن) يەكۈنلەپ مۇنداق دىگەن :

بىزنىڭ غەرپ مەدەنىيتىگە بولغان پوزىتسىيمىز تۆت نەرسىنىڭ بىرى بولىدۇ ، بەشىنچىسى يوق :

1- بۇ مەدەنىيەتنىڭ ياخشى تەرەپلىرى ۋە ناچار تەرەپلىرىگە ئوخشاش سەل قاراش .

2- ئۇنىڭ ياخشى ۋە ناچار تەرەپلىرىنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىش .

3- ياخشى نەرسىلەرنى قوبۇل قىلماستىن ، ناچار نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىش .

4- ناچار نەرسىلەرنى ئەمەس ، ياخشى نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىش .

ئالدىنقى ئۈچى شۈبھىسىزكى خاتا ، ئۇلارنىڭ پەقەت بىرسىلا توغرا ، يەنى ئەڭ ئاخىرقىسى .

[أضواء البيان ](4382 ).

بەشىنچى :

ئابدۇللاھ بىن مەسئۇدنىڭ(ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇسۇلمانلار ياخشى دەپ قارىغان نەرسە ئاللاھنىڭ نەزىرىدىمۇ ياخشىدۇر . دىگەن سۆزىگە كەلسەك ، بۇ شەرىئەتكە زىت كىلىدىغان نەرسىلەرنى كۆرسەتمەيدۇ ، بەلكى ئەقلى تەپەككۇر ئاساسىدا ياخشى دەپ قارالغان نەرسىنى كۆرسىتىدۇ . ئىمام شافىئىي(ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم-شەپقەت قىلسۇن) مۇنداق دىگەن : كىمكى بىر نەرسىنى ياخشى دەپ قارايدىكەن ، ئۇ شەرىئەت قىلىنىدۇ. »بۇ بىر ئادەمنىڭ بىر نەرسىنى ياخشى دەپ قارىشىنى كۆرسەتمەستىن ، بەلكى كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ قارىشىنى كۆرسىتىدۇ . بەلكى بۇ ئىبارە ئىككى ئۇسۇلنىڭ بىرى بىلەن چۈشەندۈرلىشى مۇمكىن ، ھەر ئىككىلىسى توغرادۇر :

1- ئۇنىڭدا دىمەكچى بولغىنى ، شەرىئەتكە زىت كەلمەيدىغان ئەنئەنە ۋە قائىدە-يۇسۇنلار

2- ئۇنىڭدا دىمەكچى بولغىنى ، بىرلىككە كىلىنگەن قاراشنىڭ دەلىل بولۇشى ، ئەگەر مۇسۇلمانلار بىرنەرسىنى ياخشى دەپ ئويلاپ پۈتۈنلەي بىرلىككە كەلگەن بولسا ، بۇ بىرلىككە كىلىنگەن قاراش دەلىل ھىساپلىنىدۇ .شۇڭا بۇ ئىش ئاللاھنىڭ نەزىرىدىمۇ ياخشى ھىساپلىنىدۇ . مانا بۇ مۇسۇلمانلار ياخشى دەپ قارىغان نەرسە ئىبارىسىنىڭ كۆرسىتىدىغان مەنىسى .

سەرخەسىينىڭ [المبسوط ]، 12138 ، ئىبنۇل قەييىمنىڭ [ الفروسية ] 298ب كە قاراڭ .

يۇقۇردا تىلغا ئېلىنغان بۇ يەشمىلەر، ئەگەر بىز ئىبنۇ مەسئۇدنىڭ سۆزى ئومۇمى جەھەتتىن بارلىق مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان دەپ چۈشەندۈرسەك ئاندىن كۈچكە ئىگە .بىراق گەپنىڭ مەزمۇنىدىن ئۇ باشقىلارنى ئەمەس ، پەقەت پەيغەمبەرنىڭ (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) ھەمرالىرىنى(ساھابىلارنى) كۆرسىتىۋاتقاندەك قىلىدۇ .ئىبنۇ مەسئۇدنىڭ دىگەن سۆزى بولسا : ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ يۈرەكلىرىگە قارىدى ،ھەمدە مۇھەممەدنىڭ(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن)يۈرىكىنى ئۇنىڭ بارلىق بەندىلىرىنىڭ يۈرەكلىرى ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى ئىكەنلىكىنى بايقىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئۆزىگە تاللىدى ھەمدە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەلچىسى قىلىپ ئەۋەتتى . ئاندىن ئۇ مۇھەممەدنىڭ(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن)يۈرىكىدىن كىيىن بارلىق بەندىلىرىنىڭ يۈرەكلىرىگە قارىدى ھەمدە ئۇ ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ(ساھابىلەر)يۈرەكلىرىنى

بارلىق بەندىلىرىنىڭ يۈرەكلىرى ئىچىدە ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بايقىدى ، شۇڭا ئۇ ئۇلارنى دىنى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان پەيغەمبىرىنىڭ ياردەمچىلىرى قىلدى. شۇڭا مۇسۇلمانلار ياخشى دەپ قارىغان نەرسە ئاللاھنىڭ نەزىرىدىمۇ ياخشى ، ئىمىنى مۇسۇلمانلار ناچار دەپ قارىسا ئاللاھنىڭ نەزىرىدىمۇ ناچاردۇر .

ئەھمەت نەقىل قىلغان ، 3418 ؛ پېشىۋا ئەلبانىي[ تخريج الطحاوية ] دە ياخشى ھەدىس دەپ تۈرگە ئايرىغان ، 530 .

ئىمىلا بولمىسۇن ، ئىبنۇ مەسئۇدنىڭ سۆزىنى ئىسلامدا چەكلەنگەن نەرسىنى ، مەسىلەن ، مۇشرىكلارنى دوراشنى ياخشى دەپ قاراشقا قارىتىپ دەلىل سۈپىتىدە تىلغا ئېلىش دۇرۇس ئەمەس .

ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ .